سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# پۈتۈن ھاياتىنى پامىر ئېگىزلىكىگە بېغىشلاش

## ـــ «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكۈچى، ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سابىق دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇ دېڭيۈن توغرىسىدا

ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار

□ مۇخبىرىمىز خې لىك

«مەن ئازراقلا قان، ئازراقلا تېرە تەقدىم قىلىپ ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇم ۋە ھاياتىنى قۇتۇلدۇردۇم، بۇ، جاھاندىكى قىلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان ئىش.»

«دوختۇر بولغان ئىكەنمەن بېتىۋنغا ئوخشاش خىزمەتكە چەكسىز مەسئۇل بولۇشۇم، ئاغرىقلارغا چەكسىز قىزغىن بولۇشۇم كېرەك.»

...

بۇ، ۋۇ دېڭيۈننىڭ شەخسىي ئۈزۈندىسى.

56 يىلدىن بۇيان، ۋۇ دېڭيۈن باشتىن ـ ئاخىر دوختۇرغا خاس پاك قەلبىنى چىڭ ساقلاپ، سەبىي بالىدەك سەممىي ساداقىتى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ساغلاملىق ۋە غەمخورلۇق يەتكۈزۈپ، شۇ جايدىكى پۇقرالار تەرىپىدىن يېقىملىق قىلىپ «ئاق خالاتلىق ئەۋلىيا» دەپ ئاتالدى.

### ■ شىنجاڭدا قېلىپ كۈرەش قىلىش ئېتىقادىنى چىڭ ساقلاش

بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، سەل سېمىزرەك بولۇپ، گەرچە چېچى پۈتۈنلەي ئاقارغان بولسىمۇ، لېكىن تېنى ئىنتايىن تىمەن ئىدى، بۇ ۋۇ دېڭيۈننىڭ مۇخبىرغا بەرگەن بىرىنچى تەسىراتى. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مۇخبىر ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ۋۇ دېڭيۈننى كۆرگەندە، ئۇ يەنىلا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئاغرىقنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ 80 ياشقا يېقىنلاپ قالغانلىقى تامامەن بىلىنمەيتتى.

1963 ـ يىلى، كۆكلىگە ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئېتىقادىنى پۈككەن ۋۇ دېڭيۈن جياڭسۇ ياڭجوۋدىكى سۇ يۇرتى بولغان كىچىك بازاردىن شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە كېلىپ، شۇ جاينىڭ داۋالاش ـ سەھىيە مۇھىتىنى ياخشىلاپ، شۇ جايدىكى ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى داۋالاش شارائىتىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى، مۇشۇ ئىشلىگەنچە 56 يىل ئۆتتى. ۋۇ دېڭيۈن مۇنداق دېدى: «كىچىك ۋاقتىمدا ئائىلىمىز بەك نامرات ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا ئوقۇيالىغاندىم، مەن پارتىيە ۋە دۆلەتكە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئەڭ چەت، ئەڭ جاپالىق يەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم.»

ئۇلۇغچات ناھىيەسى ئېگىز، سوغۇق تاغلىق رايونغا تەۋە، ئۇلترا بىنەپشە نۇر كۈچلۈك، تەبىئىي مۇھىتى ناچار. ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئەسلىشىچە، ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە كەلگەن دەسلەپكى چاغدا، ئۇنىڭغا بەرگەن بىرىنچى تەسىرى بۇ يەر ناھىيە بازىرىغا ئوخشىماستىن، بەلكى بىر چوڭ كەنتكە ئوخشايدىغان بولۇپ، پۈتۈن ناھىيەدە بىرمۇ بىنا يوق ئىكەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تەجرىبىلىك تېببىي خادىملارغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىدى.

ۋۇ دېڭيۈن ئاتقا مىنىپ، دورا ساندۇقىنى ئارتىپ سەييارە كېسەل داۋالاشنى باشلىۋەتتى. ئۇ، بىر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقتىنى ئاتلىق سەييارە كېسەل كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى.

### ■ دوختۇرنىڭ مېھربانلىقى ۋە مۇھەببىتىنى پۈتۈش

ۋۇ دېڭيۈن ئۈچۈن ئېيتقاندا، كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش ئۇنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.

1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بوستان تېرەك يېزىسىدىكى چارۋىچى توختۇش مەمەتئىمىننىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى ئويناۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆيۈپ يارىلىنىپ، 50%تىن كۆپرەك تېرىسى كۆيۈپ يارىلىنىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان. دوختۇر ـ سېسترالار ئون كۈندىن ئارتۇق قۇتقۇزغان، بالا شوك بولۇپ قېلىش ئۆتكىلى، يۇقۇملىنىش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، جاراھەت يۈزى ساقىيىش ئۆتكىلىگە يۈزلەنگەن. ئەمما بۇ چاغدا بالىنىڭ بەدىنىدە ھېچقانچە ساق تېرە قالمىغانىدى، ۋۇ دېڭيۈن ئىلگىرى بىر تېببىي ژۇرنالدا كۆپ مىقداردىكى يات تەن تېرىسى بىلەن ئاز مىقداردىكى ئۆز تەن تېرىسىنى ئۆزئارا كۆچۈرۈش چارىسى ھەققىدىكى مەزمۇننى كۆرگەنىدى.

ئادەم قۇتقۇزۇش مۇھىم، جىددىي پەيتتە، ۋۇ دېڭيۈن ئۆزىگە ناركوز ئۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پۇتىدىن پارچە ـ پارچە تېرىلەرنى كېسىپ ئېلىپ، بالىنىڭ بەدىنىگە كۆچۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، بەدىنىگە پوچتا ماركىسى چوڭلۇقىدىكى 13 پارچە «ۋۇ دېڭيۈن تېرىسى» كۆچۈرۈلگەن بالا ئاللىقاچان ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولغانىدى. ھەر قېتىم بۇ ئىش تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇ دائىم كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ.

30 نەچچە يىل ئىچىدە، ۋۇ دېڭيۈن 30 نەچچە قېتىم، جەمئىي 7000 مىللىلىتىردىن كۆپ ھەقسىز قان تەقدىم قىلدى.

### ■ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ پېنسىيەگە چىقسىمۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلماسلىق

ئۇلۇغچات ئېغىر نامرات ناھىيە، بۇ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى بولغان ۋۇ دېڭيۈن نۇرغۇن ئاغرىقنىڭ داۋالاش ھەققىنى تۆلەش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. بۇ ئاغرىقلارغا قارىتا، ئۇ دوختۇرخانىنىڭ پەقەت دورا ھەققىنىلا ئېلىپ، باشقا ھەقلەرنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«تاغدىن داۋالىنىشقا كەلگەن قىرغىز يۇرتداشلارغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، دوختۇرخانا يەنە بىر كىگىز ئۆي تىكىپ، ئىچىگە گىلەم سېلىپ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى تەقلەپ قويدى، ئاغرىقلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بۇ يەردە ھەقسىز قونسا بولىدۇ» دېدى ۋۇ دېڭيۈن.

ۋۇ دېڭيۈن دوختۇرخانا باشلىقى بولغان مەزگىلدە، دوختۇرخانا دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئىختىساسلىقلارنىڭ كەمچىل بولۇشى ئىدى. يەرلىكتە تېببىي ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ «ئون يىللىق ئادەم تەربىيەلەش پىلانى»نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلارغا ئۆزى بېرىپ ئىختىساسلىقلارنى تاللىدى، قىرغىز دوختۇر ـ سېسترالارنى سىرتقا بىلىم ئاشۇرۇشقا تاللاپ ئەۋەتتى. ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپلىگەن قىرغىز تېببىي خادىملارنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن دوختۇرخانىدىكى 70%تىن كۆپرەك تېببىي خادىمنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت.

بۈگۈنكى كۈندە، ۋۇ دېڭيۈن پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلماي، يەرلىكنىڭ داۋالاش ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق ئالدىراش يۈرمەكتە. ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ياردەملىشىپ بىر قىسىم مەبلەغ، تۈرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە ئامالىنىڭ بارىچە دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ.

«يېڭى جۇڭگودىكى جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 100 شەخس» «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى»... ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نەزەرىدە، ۋۇ دېڭيۈن بۇ شەرەپلەرگە ئېرىشىشكە مۇناسىپ.

( بېشى 7 ـ بەتتە )

«ئەگەر يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى بەرپا قىلىنسا، شىنجاڭ ئاۋات مەركەزگە ئايلىنىشى مۇمكىن.» باش شۇجى شى جىنپىڭ گۈزەل شىنجاڭنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى سىزىپ بەردى.

«بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.» ھەممە كەسكىن رىقابەتلىشىپ، باتۇرلارچە ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى دەۋردە، شىنجاڭ چوقۇم ئۆزگىچە تەۋە قېنىق، رەڭدار ئېسىل سەھىپىلەرنى پۈتۈپ چىقىدۇ.

(5)

«شىنجاڭغا دائىر بىر قانچە تارىخىي مەسىلە» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق تىلغا ئېلىنغان: «نۆۋەتتە، شىنجاڭدا جەمئىي 56 مىللەت ياشىماقتا، ئۇ جۇڭگودىكى مىللەتلەر تەركىبى ئەڭ تولۇق ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلارنىڭ بىرى».

تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا 56 مىللەتنىڭ سىماسىنى تاپقىلى بولىدۇ، بۇ، ئادەمنى نەقەدەر پەخىرلەندۈرىدىغان ئىش ـ ھە! بىز بۇنىڭدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»نىڭ ئىللىق يۈگمە رەسىمىنى كۆرىمىز. بۇ، بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەينەن كارتىنىسى.

ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ـــ بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق ـــ ئاپەت. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تۈنلەرنى ئەسلىسەك، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق يەتكىچە ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

تۈزۈم مەسىلىسى تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، مۇقىم خاراكتېرلىك، ئۇزاق مەزگىللىك مەسىلە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارىخ ۋە رېئاللىق، سىياسىي ۋە ئىقتىساد، مىللەت ۋە رايون قاتارلىق ئامىللارنى تولۇق ئويلىشىش ئاساسىدا، شىنجاڭدا مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالدى.

ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق يېڭىلمىزدا. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىر خىل ھاياتلىق ئېڭىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تومۇرىدا ئاقماقتا. «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارماقچى بولغان» قۇربان تۇلۇم تاغدىن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرغان «ئىسلاھات ئاۋانگارتى» قۇربان نىيازغىچە؛ جىگرا رايونىدا يىلتىز تارتىپ ھەر مىللەت خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدىغان «زامانىمىزدىكى لىبى فېڭ» جۇاڭ شىخۇادىن ئون نەچچە يىل ئايرىلماي، ۋاز كەچمەي ئۇيغۇر قېرىندىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنچىسى يوۋ لياڭيىڭغىچە... پارتىيەنىڭ تۈرلۈك مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ھىمايىسىدە، بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى ھەربىر پارچە تۇپراقتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن نامايان قىلىنماقتا.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە ئېگىزلىك بولغىنى مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىش. ئەگەر تۈزۈم، قانۇنچىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى دېيىلسە، ئۇنداقتا مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى رىشتىسى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلغاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈيۈل تاشتەك مۇستەھكەم بولىدۇ، ئاندىن بوران ـ چاپقۇندىن بۆسۈپ ئۆتكۈدەك كۈچ بولىدۇ.

مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش كۈچەيتىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق»، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، «دۆلەت ياخشى بولسا، مىللەت ياخشى بولسا، كۆپچىلىك ئاندىن ياخشى بولىدۇ» ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق قەلب سادىسىغا ئايلىنىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش»نىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچى شىنجاڭ تۇپرىقىدا مەۋج ئۇرىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش»تىن ئىبارەت سەممىي ئۈمىدى رېئاللىققا ئايلانماقتا.

ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر ماقال ـ تەمسىل بار: تامچە سۇ دېڭىزغا قوشۇلغاندىلا چەكسىز ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. بۇ، «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە»نىڭ يەنە بىر خىل ئىزاھاتىغا تېخىمۇ ئوخشايدۇ. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تېخىمۇ رەڭدار ئېچىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۈچى، ئۈمىدى.

(6)

مۇساپە قانچە ھەيۋەتلىك بولغانسېرى، يول باشلىغۇچىنىڭ كۈچىگە شۇنچە موھتاج بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىلا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تارقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش يولىنى يورۇتقان.

70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، كومپارتىيە بولمىسا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم داغدام يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگەن شىنجاڭ بولمايتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشى بولمايتتى. پارتىيە رەھبەرلىكى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يۈزبەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئاچقۇچ پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باش شۇجىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، تاش ـ تۆمۈردە ئىز قالدۇرغىدەك ئىرادىسى ۋە چىداملىقى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدىكى ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلدۈرۈش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئالاھىدە، دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى ئالاھىدە. شىنجاڭدا كادىرلارغا قاراشتا، ئاچقۇچ سىياسىيدا كۈچلۈك ـ كۈچلۈك ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ پايتەخت بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن زىچ تۇتاشقان بولۇش، چەمبەرچاس باغلانغان بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇردى.

ئىستىل قۇرۇلۇشى ئەلرايىنى مايىل قىلىش ـ قىلالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان قىلدى.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئىختىساسلىقلارنى تاللاش مۇھىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ياخشى كادىر ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىيدا قەتئىي بولۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئىدىيەۋى تونۇشى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدا كوممۇنىستلارنىڭ ئېتىقادى مۇستەھكەم، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلىدىغان، خەلققە بەخت يارىتىدىغان شانلىق ئوبرازىنى تىكلىدى.

ئاساسىي قاتلام گۈللەنسە شىنجاڭ گۈللىنىدۇ، ئاساسىي قاتلام مۇقىم بولسا شىنجاڭ مۇقىم بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرى قىلىپ، باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

جەم بولسا ئوت بولىدۇ، چېچىلسا ئۆچىدۇ. ھازىر، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا نەزەر سالساق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مەسىلە ـ زىددىيەتلەرنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى ـ ھۆكۈمەت ئىستىلىنى ساپلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى كۈنسېرى گەۋدىلەندۈردى. پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى، تەرەققىيات ئاساسى، مۇقىملىق ئاساسى «ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇندا تەۋرەنمەيدىغان تاغ»دەك مۇستەھكەم قۇرۇلماقتا.

يېڭى دەۋرگە كىرىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش گۈزەل كېلەچەكنى كۈتۈۋېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى چوڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەپ ئىشقا ئاشۇرۇش سەلتەنەتلىك مۇساپىسىدە، بىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىپ، «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» كۈيىنى شىنجاڭنىڭ بىپايان تۇپرىقىدا تېخىمۇ جۇشقۇن، ھەيۋەتلىك ياڭرىتىشىمىز كېرەك.

(7)

كەچ كىرگەندە، كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى خوتەن بىر كۈندىكى ئەڭ ئاۋات ۋاقتىنى كۈتۈۋالىدى. داڭقى ھەممە يەرگە تارالغان خوتەن كەچلىك بازىرىنىڭ چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ھەر خىل مەززىلىك تائاملارنى تېتىپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتتىن ھۇزۇرلىنىپ، تېنىچ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشنى قەدەھ كۆتۈرۈپ بىرلىكتە كۈيلىدى. «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە»، بۇ، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئەينەن ھەم جانلىق تۇرمۇش كارتىنىسى! بۇ، ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ كۈچ ئۇلاپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ مول نەتىجىسى!

«بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا قايتا نەزەر سالغاندا، ئاندىن بۇ يوللارنىڭ نەقەدەر جاپالىق ۋە ئەگرى ـ توقاي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.» 70 يىلدىن بۇيان، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا نەقىشلەنگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن بولغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىدىن بولغان، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىدىن بولغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە خالىس ياردىمىدىن بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىدىن بولغان ـــ بۇ تارىخنىڭ بەرگەن جاۋابى، شۇنداقلا كەلگۈسىگە دادىل يۈزلىنىشىمىزدىكى ئىشەنچ.

قاتمۇقات ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭمۇ جەزمەن بىر ئاساسىي چوققىسى بولىدۇ، توققۇز باشلىق ئەجدىھانىڭمۇ بىر ئاساسىي بېشى بولىدۇ. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن يېپيېڭى كۈيىنى ياڭرىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى كۈتۈۋالىدۇ!